### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

# پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى «چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى تېزىسى»نى قاراپ چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە جەھەتتە پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق مەسىلىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىدىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرىكەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك؛ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش روھىي كەيپىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، تۈپ ۋەزىپە — شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىش. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە چېنىقىش، ئىش قىلىش، نەتىجە يارىتىشتا، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇشتا ئۈلگە بولۇش نىشانىغا يېتىش كېرەك. شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيەۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىستىلنى ياخشىلاشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ئۆگىنىش، تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، پارتكوم(پارتگورۇپپا)لاردىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك ئورگانلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئاۋۋال ئۆز تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ ئۈلگە بولۇشى كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇلارنى تۈگىتىش، شۇ رايون، شۇ تارماق، شۇ ئورۇننىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككى ياقلىمىلىق»تىن ساقلىنىش كېرەك. ياخشى ئىستىل ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، شەكلىۋازلىقتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، مەسىلە ھەل قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى، ئاممىنىڭ باھاسى، ئىنكاسى قاتارلىق جەھەتلەردىن، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاش كېرەك. تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە شەكىللەنگەن ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق ياخشى قوللىنىش، ياخشى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چاڭجياڭ دېلتىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ جانلىق، ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشتە ناھايىتى زور رولغا ئىگە بولۇپ، «بىر گەۋدىلەشكەن» ۋە «يۇقىرى سۈپەتلىك» بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچنى زىچ ئىگىلەپ، پۈتۈن چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغى ۋە شەرقىي جۇڭگو رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلار تۈپىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە كۆتۈرۈش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتا ۋە ئاچقۇچنى تۇتۇش كېرەك. «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئېڭى ۋە «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسىنى قۇرۇپ، كەسپلەر زەنجىرى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىپ، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، «يىرىك پىلان تېزىسى»دا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ھەمتۈرتكە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يۈكتە ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

### گوۋۇيۈەن تاموژنا بېجى باج قائىدىسى كومىتېتى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ

# ئەسلى ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىر قىسىم ئىمپورت تاۋارلاردىن قوشۇپ ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى باج نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** گوۋۇيۈەن تاموژنا بېجى باج قائىدىسى كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مۇنداق ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى: 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنىدىغان 200 مىليارد دوللارلىق تىزىملىكتىكى تاۋاردىن قوشۇپ ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى باج نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 10%تىن 25%كە ئۆستۈرۈشنى جاكارلىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرى جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۆركىلىشى دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق سودا ئىختىلاپىنى ھەل قىلىش ئورتاق تونۇشىغا خىلاپ بولۇپ، ئىككى تەرەپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئۆزىمىزنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو تەرەپ ئەسلى ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىر قىسىم ئىمپورت تاۋارلاردىن قوشۇپ ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى تەڭشەش تەدبىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سودا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تاموژنا بېجى نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزام ۋە خەلقئارا قانۇن ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گوۋۇيۈەن تاموژنا بېجى باج قائىدىسى كومىتېتى 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 دىن باشلاپ، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش يولغا قويۇلغان 60 مىليارد دوللارلىق تىزىملىكتىكى ئامېرىكا تاۋارلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن قوشۇپ باج ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 25%، 20% ياكى 10% قوشۇپ باج ئېلىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 5% تاموژنا بېجى قوشۇپ باج ئېلىنىدىغان باج ئوبيېكتى تاۋارلىرىدىن داۋاملىق 5% تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

جۇڭگو تەرەپنىڭ تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنى تەڭشەش تەدبىرى ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىر تەرەپچىللىكى، سودا قورۇقچىلىقىغا قايتۇرغان جاۋابى. جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئىككى تەرەپلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىنىڭ توغرا يولىغا قايتىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئالىدىغان كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىن ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى، ئۆلكە باشلىقى، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات - مۇھاكىمە كۇرسى ۋە مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىنىڭ چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن سىستېمىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى، ئۆلكە باشلىقى، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات - مۇھاكىمە كۇرسى ۋە مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيەلەش، ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە قىلىش دولقۇنىنى تېزدىن قوزغاپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشقا يەنىمۇ كۈچەپ، يېڭى دەۋردىكى سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ پولاتتەك غايە - ئېتىقادقا، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىققا، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەتكە، پولاتتەك ئىنتىزامغا، ئىستىلغا ئىگە سىياسىي - قانۇن پولات قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەققىي تۈردە زور خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشقا دىققەتنى يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەنىمۇ كۈچەپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

# يېزا - كەنت ساياھىتى تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تۈرتكىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىككە تۈرتكە بولۇشنى شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىندى.

يېزا - كەنت ساياھەت يوللىرى ۋە ئاپتوموبىل توختىتىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە يېزا - كەنت ساياھەت يول قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ناھىيەلەرنى بىرلىك قىلغان ناھىيە بازىرى، يېزا - بازار، مەنزىرە رايونلىرى ھەم ئالاھىدە قوغداش تۈردىكى كەنتلەردىكى ئاپتوموبىل توختىتىش ئەسلىھەلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا - كەنتلەر، بولۇپمۇ نامرات رايونلارنىڭ ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىش، ئەسلىھەلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەخلەت ۋە پاسكىنا سۇنى تىزگىنلەش قاتارلىق يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە ئەخلەت ۋە پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا دېھقان ئائىلىلىرى ھەق تۆلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يېزا - كەنت ساياھىتىدىكى ئەخلەتنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش بىلەن زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىشنى پەلەمپەيسىمان ئالغا سىلجىتىپ، ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى سىجىل قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېزا - كەنت ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە پۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىق يېزا - كەنت ساياھەت مۇلازىمىتى ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تاشيول ۋە ئاپتوموبىل توختىتىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تىجارەت باشقۇرۇش ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىپ، يېزا - كەنت ساياھەت بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىجتىمائىي كاپىتالنى يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە ئەلئارا سېلىنمىنى ھۆكۈمەت قۇرۇش، پۇقرالار تىجارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بەلگىلىك پايدا ئالىدىغان يېزا - كەنت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە تىجارىتىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، شارائىتى بار دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئۆز تۇرالغۇسىنى رېمونت قىلىپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، پۇقراۋى قونالغۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، شەھەر - بازارلاردىكى ئۆزى ئىختىيار قىلغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئۆي - جايىنى ئىجارىگە ئېلىش ئارقىلىق پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىشىغا ئىلھام بېرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پۇقراۋى قونالغۇ داشقۇ كارخانىلىرى ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالنى پۇقرالارنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىشقا جەلپ قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېزا - كەنت ساياھىتى تەرەققىياتىدىكى ياندىش سىياسىتىنى زورايتىش جەھەتتە، «يولغا قويۇش لايىھەسى»دە بازارنى يۆنىلىش قىلىپ، يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەش، سىياسەت ئارقىلىق قوللاش، ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېزا - كەنت ساياھىتى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۆۋەن سەۋىيەلىك، ئوخشاش سۈپەتلىك رىقابەتلىشىشتىن ساقلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا - كەنت ساياھىتى زايومى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىش، يېزا - كەنت ساياھەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىش فوندى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر ئوبلاستنىڭ «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان گرافىتلاشتۇرۇلغان كاربون ئاساسىي تۆرى توكلۇق رادىياتور ھەممىباب تېخنىكا شارائىتى ۋە كارخانىلارنىڭ سۈپەت كاپالەت ئىقتىدارى تەلىپى؛ بىر تۈركۈم مەمۇرىي ئىجازەت ئىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى ئاممىۋى ئاپپاراتلار، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ھەققىي ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت باش نىشانغا زىچ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق تۈزۈم، ئەڭ پۇختا قانۇنچىللىق ئارقىلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئېنېرگىيە - بايلىق تېجەش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۇقراۋى كارخانىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، سەمىمىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش، ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان گرافىتلاشتۇرۇلغان كاربون ئاساسىي تۆرى توكلۇق رادىياتور ھەممىباب تېخنىكا شارائىتى ۋە كارخانىلارنىڭ سۈپەت كاپالەت ئىقتىدارى تەلىپىدە مەھسۇلاتتا چوقۇم ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىدار كۆرسەتكۈچى ئايرىم - ئايرىم بەلگىلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا توك سوقۇۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆيۈپ يارىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە كارخانىلارغا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بۇ قېتىم جەمئىي ئالتە تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئىككى تۈرنى تۆۋەنگە چۈشۈردى، ئىككى تۈرلۈك مەمۇرىي ئىجازەت ئىش تۈردىنى قوبۇل قىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار (كوچا) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيەلەش باشلاندى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **دىڭ جىگاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار(كوچا) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى «ئىنتىزام ۋە قانۇن ئۆگىنىش، ئىقتىدارنى كۈچەيتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش» بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيەلەشنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر قۇرغان ئۆگىنىش، تەربىيەلەش سۇپىسىنىڭ ياردىمىدە تىرىشىپ ئۆگىنىشى، كەڭ دائىرىدە جۇغلىشى، ئەمەلىيەتتىن كۆپ ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئۆگەنگىنى، ئويلىغىنى، ھېس قىلغىنىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيەلەشنى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۇزارتىپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، ئاممىنىڭ سىرداشى بولۇشى؛ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىنتىزام بىلەن قانۇننى تۇتاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، «ئىنتىزامنىمۇ، قانۇننىمۇ پىششىق بىلىدىغان» كەسپ ئەھلى بولۇشى كېرەك. قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىلنى چېنىقتۇرۇپ، ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسى ئاساسىنى تولۇقلاپ، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان توغرا كەيپىياتنى ساقلىشى كېرەك. بازغانچىنىڭ بىلى چىڭ بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈش جەھەتتە يەنىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش، ئۆزىگە تەلەپ قويۇش جەھەتتە يەنىمۇ قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سادىق، قەتئىي، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تولۇق ئادا قىلىدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، پاك - دۇرۇس بولغان ياخشى ئوبراز تىكلىشى كېرەك.

يىغىن سىنلىق شەكىلدە يېزا - بازار(كوچا)لارغىچە ئېچىلدى. باشلاش مۇراسىمىدىن كېيىن، دىققەت ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسى خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى 1 - قارارلىق ئىنتىزام بىلەن قانۇننى تۇتاشتۇرۇش چوڭ دەرسخانىسىدا دەرس باشلاشقا مەركەزلەشتۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرى تەربىيەلەشكە قاتناشتى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئىشنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەشتىن باشلىغان بولۇپ، بۇ يىل يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.